# مىڭ بىر كېچە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ملکی برجہ

**一千零一夜（4）**（维吾尔文）

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米32开本　19.25印张　2插页
1983年9月第1版　1984年11月第1次印刷
印数：1—40,800

书号：M10098·757　定价：1.08元

# ألف ليلة وليلة

## مىڭ بىر كېچە (4)

*


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 19.25 قىستۇرما ۋارىقى 2

1983 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى

1984 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: M10098·757

تىراژى: 1—40·800

باھاسى: 1.08 يۈەن

# مۇندەرىجە


ھاتىمى تەي (270 - كېچە) ...... 1

مەئىن ئىبنى زائىدە (271 - كېچە) ...... 6

ئەندەلس شەھىرى (272 - كېچە) ...... 12

ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك بىلەن پادىچى ...... 16

خەلىپە مەئمۇن رەشىد ۋە ئىبراھىم ئىبنى مەھدى (273— 275 - كېچىلەر) ...... 20

ئالتۇن قورغان (276 — 279 - كېچىلەر) ...... 35

ئىسھاق مەۋسىلى (280 — 282 - كېچىلەر) ...... 47

ھەج قىلغۇچىنىڭ تەلۋى (283 — 285 - كېچىلەر) ...... 57

يالغان خەلىپە (286 — 294 - كېچىلەر) ...... 68

خۇرجۇن توغرىسىدىكى دەۋا (295 — 296 - كېچىلەر) ... 99

ئىچىملىك ۋاقتىدىكى سوغىقچىلىق (297 - كېچە) ...... 106

ئوغرىلىقتا ئەيىپلەنگەن يىگىت (298 — 299 - كېچىلەر) ... 112

ۋەزىر جەپەر بەرمەكى ئۆلگەندىن كېيىن ...... 120

ئەبۇ مۇھەممەد تەنبەل - يالقاۋ (300 — 305 - كېچىلەر) ...... 124

يەھيا ئىبنى خالىد بەرمەكىنىڭ مەرتلىگى (305-306 - كېچە) .. 156

يالغان خەت (307 - كېچە) ...... 153

خەلىپە مەئمۇن ۋە موللام (308 - كېچە) ...... 168

مەجدىددىن ئوغلى ئەلى ۋە زۇمرەت (309 — 327 - كېچىلەر) ...... 172

خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ئالدىدا ئېيتىلغان ھېكايە (328 — 334 - كېچىلەر) ...... 227




此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

مۇھەممەت بەسرى ۋە ئۇنىڭ ئالتە كېنىزىگى (335 —
338 - كېچىلەر) .................................. 249
خەلىپە ھارۇن رەشىد ۋە شائىر ئەبۇناۋاس (339 —
340 - كېچىلەر) .................................. 265
گاداي بىلەن ئىت (341 — 342 - كېچىلەر) ............ 274
ۋالى ھىسامىددىن (342 - كېچە) ........................ 280
ناسىر ۋە ئۈچ ۋالى (343 — 344 - كېچىلەر) ............ 283
ئوغرى بىلەن سەرراپ (344-345 - كېچىلەر) ............ 290
ئەلائىددىن ۋالى بىلەن قاراقچى (345-346 - كېچىلەر) ... 294
ئىبراھىم ئىبنى مەھدىنىڭ ئېيتقىنى (346 - 347 - كېچە)...... 297
بېخىل پادىشا بىلەن سېخى خوتۇن (348 - كېچە) ...... 304
سېخى سوپى (349 - كېچە) .............................. 308
ئەبۇ ھەسەن زىياد (349 - 350 - كېچىلە) ............... 312
سەممى ياردەم 350 - (كېچە) ............................ 317
"سىنىڭ رىزقىڭ مىسىردا" (350 - 351 - كېچىلەر) ...... 320
خەلىپە مۇتەۋەككىل ۋە ئۇنىڭ كېنىزىگى مەھبۇبە (351 - 352 -
كېچىلەر) .......................................... 323
ئېيىق ئۈچۈن ئۆلگەن خوتۇن (352 — 354 - كېچىلەر) ... 327
قىز ۋە مايمۇن (355 — 356 - كېچىلەر) .................. 335
ياغاچ ئات (356 — 369 - كېچىلەر) ...................... 339
ئىبراھىم ۋەزىر قىزىنىڭ سەرگۈزەشتىسى (369 — 379 -
كېچىلەر) ........................................... 377
شائىر ئەبۇناۋاس ۋە ئۈچ يىگىت (379 — 381 -
كېچىلەر) ........................................... 409
خوجىسىغا قايتقان كېنىزەك (381 - كېچە) .................. 415
ئۈزمە كوكۇل يىگىت (381 - 382 - كېچىلەر)............... 418
خەلىپەت ۋە تالىپ (382 - كېچە) ........................... 421
ساۋاقداش ئاشىق ۋە مەشۇق (382 - كېچە) .................. 423

شائىر مۇتەلەممىسنىڭ خوتۇنى (382 - كېچە) ... 425
خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ خوتۇنى زۇبەيدە (383 - كېچە) ... 427
كالا مۇللەيلى يەمھۇننەھار (383 - كېچە) ... 430
مۇسەييەپ ئىبنى زۇبەيرى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئايىشە (384 - كېچە) ... 435
سىنالىغان خوتۇنىغا سىرىنى ئېيتقان كىشى (385 - كېچە) ... 438
ئىشەككە ئايلانغان ئادەم (385 - كېچە) ... 441
خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ گۇمانى (386 - كېچە) ... 444
باغۋەن سودىگەرنىڭ زىياپىتى 386 - كېچە) ... 446
نوشىرۋان ئادىل (386 - 387 كېچىلەر) ... 448
دەققە بەدەققە (388 - كېچە) ... 451
شىرىن ۋە بېلىق (388 - كېچە) ... 454
يەھيا ئىبنى خالىد ۋە ئۇنىڭ مېھمىنى (389 - كېچە) ... 457
ئوغرىلانغان كېنىزەك (389 - كېچە) ... 459
سەئىد باھىلىنىڭ مۇھتاجلىغى (390 - كېچە) ... 461
ئېرىنى ئالدىغان مەككار خوتۇن (391 - كېچە) ... 464
ئەخلاقلىق خوتۇن (391 - كېچە) ... 467
جەپەر ۋەزىرنىڭ دورىسىغا بېرىلگەن ھەق (392 - كېچە) ... 470
ئومەر ئىبنى خەتتاپ ئالدىدا (393 — 394 - كېچىلەر) ... 473
بۇزۇلغان ئېھرام (395 - كېچە) ... 480
ئوغرىلانغان مېلىنى تاپقان كىشى (395 - كېچە) ... 482
تەڭ شىرىك (396 — 397 - كېچىلەر) ... 485
خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ سوپى ئوغلى (398 - كېچىلەر) ... 489
ئۆزىنى كورمەي تۇرۇپ ئاشىق بولغان مۇدەررىس (398 - 399 - كېچىلەر) ... 497
"پايدىسىز" دەپ كېسىپ تاشلىدىم (399 - كېچە) ... 500
ساگانىمەدىگىنىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن (399-400 - كېچەر) ... 506

يېرىگگە ياخشى قارا (400 - كېچە)........................ 507
روخ توخومى (400 - 401 - كېچىلەر) ...................... 510
شاھ نوئىماننىڭ قىزى (401 — 403 - كېچىلەر) ............ 513
فەنىمەت — ئالغوچىنىڭ (403 - كېچىلەر)...................... 519
ئىبراھىم ئىبنى ئىسھاق مەۋسىلىنىڭ كورگىنى (403 —
405 - كېچىلەر) ........................................ 522
ئاشىق ۋە مەشۇقلار (405 - 406 - كېچىلەر) .............. 529
قاسىم ئىبنى ئەدىنىڭ ئىپتىقنى (406 - 407 - كېچىلەر) ...... 532
ئاشىق دىۋانىنىڭ ئولۇمى (407 - 408 - كېچىلەر) ...... 535
مەككىگە تاۋاپقا بارغان پوپ (408 — 410 - كېچىلەر) ... 539
ھەدىيە قىلىنغان كېنىزەك (410 — 414 - كېچىلەر) ... 546
تاغىسىنىڭ ھەدىيىسى (414 - 415 - كېچىلەر) ........... 557
دورا بولغان شاراپ (415 - كېچە)............................ 560
ئالىم ۋە دانىشمەن خوتۇن (415 — 419 - كېچىلەر) ...... 562
باغۋەن ئايال (420 - كېچە) ............................ 572
ھازىر جاۋاپ كېنىزەك (420 - كېچە)........................ 574
ئىككى ئايالنىڭ سوھبىتى (420 - كېچە)...................... 576
ئېلى مىسرى (421 — 430 - كېچىلەر) ................... 579



# ھاتەم تەي

— ئەي بەختلىك شاھ! — دەپ داۋام قىپتۇ شەھەرىزاد
ھىكايىسىنى، — ئوتكەنكى ئىشلاردىن خەۋەردار كىشىلەر شۇنداق
دېيىشكەن ئىكەن: يەمەنىنىڭ تەي قەبىلىسىدە ياشىغان ئاتاقلىق
مەرت، ۋە سېخى ھاتەمنىڭ ئومرى ئاخىرلىشىپتۇ - دە، ئالەمدىن
ئوتۇپتۇ. ئۇنى بىر تاغنىڭ ئىگىز ۋە كورۇنۇشلۇك بىر يېرىگە كو-
مۇشۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ۋە ئۇرۇق - قاياشلىرى ھاتەمنىڭ
قەۋرىسىنىڭ بېشىغا تاشتىن بىر كول ياسىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئايلان-
مىسىغا ئويۇلتاشلارنى قويۇپ ئۇنىڭغا تورلۇك جانۋارلار ۋە چاچ-
لىرى چۇۋۇلغان گوزەل قىزلارنىڭ سۇرىتىنى نەقىش قىلىپ ئوي-
دۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئېرىق سۇ بولۇپ، بۇ سۇ شۇ كولگە
ئېقىپ كىرىدىكەن ۋە ئايىغىدىن چىقىپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ ئۇ-
چۇن بۇ يەر سودىگەرلەرنىڭ ۋە باشقا يولۇچىلارنىڭ چۈشۈپ ئو-

تىندىغان ۋە بەزىدە دەم ئېلىپ قونىدىغان بېكەتكە ئايلىنىپ قال- غان ئىكەن. بۇ يەرگە چۈشكەن سودىگەر ۋە كارۋانلارنىڭ ھەممى- سى تۈن قاراڭغۇسى باشلانغاندىن تارتىپ تاكى ناماز بامداتقىچە شۇ يەردىكى قەۋرە ئەتراپىدىن تۈرلۈك مۇڭلۇق ناخشىلار، يىغا - زارە ۋە نالە - پەريات ئۈنىنى ئاڭلىشىدىكەن. تاڭ ئېتىشى بىلەن كىشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ يەردە شۇ تاشلاردىكى سۈرەتلەردىن باشقا ھېچنەرسىنى ھەتتا ئۇچار - قاناتلارنىمۇ كۆرمەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەرەپ شاھلىرىدىن زۇلكىرا مالىك بۇ يەرگە كېلىپ ئارام ئېلىشقا چۈشۈپتۇ ۋە كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئىككى يۈز يەتتە- ىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ! — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى، — كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەرەپ شاھلىرىدىن بىرى — شاھ زۇلكىرا مالىك شۇ ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ ۋە شۇ يەردە قونۇپتۇ. تۈن كېچە باشلىنىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا خىلمۇ - خىل ئاۋازلار ئاڭلىنىپ ئۇخلىيالماپتۇ. بۇ ئاۋازلار يىغىملىق ناخشىمۇ ئەمەس، يىغىمسىزمۇ ئەمەس، كۆپرەك مۇڭلۇق ناخشىلاردىن ئىكەن. پادىشا زۇلكىرا مالىك ھەمىر يېنىدىكى سەپەرداشلىرىدىن: "بۇ نىمىنىڭ ئاۋازى؟!" دەپ سوراپتۇ. ئۇلار: "بۇ سۇنىڭ يۇقۇرسىدىكى كۆلنىڭ بېشىدا. تاغنىڭ ئەڭ گۈزەل كۆ- رۈنۈشلۈك يېرىدە مەشھۇر سېخى ھاتىمى تەينىڭ قەۋرىسى بار، ئۇ يەردىكى كۆلمۇ مەرمەر تاشتىن ياسالغان ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىرنەچچە ئۈيۈلتاش قويۇلغان. ئۇ تاشلاردا چىرايلىق ئۇچار - قا- ناتلار، چاچلىرىنى يايغان پەرىزاتتەك ساھىپجامال قىزلارنىڭ سۈ-

رەتلىرى نەقىش قىلىپ ئويۇلغان. ھەر كېچىسى بۇ يەردە قونغانلارنىڭ قۇلىقىغا كىرىدىغان ئاۋازلار ئەنە شۇلارنىڭ نالە - پەرياتلىرى، مۇڭلۇق ئىڭراشلىرى ..." دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

پادىشا زۇلكىرا مالىك ھەمراھلىرىدىن بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىچە بۇ ئىشلارنى مەسخىرە قىلىپ: "ھە ... بۇ كېچە بىز سېخىلىق ۋە مەرتلىكتە نامى جاھانغا پۇر كەتكەن ھاتىمى تەيىنىڭ مېھمىنى ئىكەنمىز - ھە؟ ... ئۇنداق بولسا قارىنمىز ئاچ. ھاتەمنىڭ بىزگە راستا بىر كېلىشتۈرۈپ زىياپەت قىلىشى لازىم ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ قەۋرىسىدىن زىياپەتنىڭ پۇرىقى ئەمەس، يىغا - زارىنىڭ مۇڭى كېلىۋاتىدۇ! بۇ نىمە ئىش؟! ..." دەپتۇ. بۇ سوزنى ئاڭلىغان پادىشانىڭ ھەمراھلىرى كۈلۈپتۇ. بەزىسى: "لام - مىم" دىمەپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي پادىشانى ئۇيقۇ تۇتۇپ - دە، ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر ۋاقىتتا ئۇيقۇسىدىن چوچۇپ ئويغىنىپتۇ - دە: "ئەي ئەرەپلەر، سىلەر مېنىڭ توگەمنى ئېلىپ كېلىڭلار!..." دەپ ۋاقىراپ ئەمىر قىپتۇ. شاھنىڭ يېنىدا ياتقان ئەرەپلەر بۇ پەرماندىن ئەجەپلىنىپ، ئۇنىڭ توگىسىنى يېتىلەپ ئېلىپ كېلىشىپتۇ. شاھ قارىسا توگىسى لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان، پادىشا يېنىدىكى خىزمەتچىلىرىگە قاراپ: "بۇ توگىنى دەرھال سويۇڭلار!" دەپ ئەمىر قىپتۇ. خىزمەتچىلىرى ئۇنى سويۇپ، گوشىنى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كېلىشىپتۇ. ئولتۇرغانلار كاۋاپ بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزۇشقاندىن كېيىن پادىشا قۇرئان ئوقۇپ، ساۋابىنى ھاتىمى تەيىگە بېغىشلاپ، ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىپتۇ. دۇئادىن كېيىن ئەرەپلەر: "پادىشايى ئالەم، بىزگە بۇ ئىشنىڭ سەۋەۋىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز؟!..." دەپ ئىلتىماس قىلىشىپتۇ.

"بولىدۇ!... مەن ئۇنىڭ سەۋەۋىنى ئېيتىپ بېرەي! — دەپ سوز باشلاپتۇ پادىشا، — مېنى ئۇيقۇ باستى، ئۇخلىدىم، چۈش كوردۇم. شۇ چۈشۈمدە قارىسام ھاتەم قىلىچىنى يالىڭاچلىغان ھال-



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

دا يېتىپ كەلدى ۋە مېنىڭ ياقامدىن تۇتۇپ سىلكىپ تۇرۇپ: ,ئەي ئەرەپنىڭ شاھى! سەن مەن خەۋەرسىز تۇرغان بىر چاغدا ئۇشتۇمتۇت كېلىپ بۇ يەردە مېھمان بولدۇڭ. ئەمما سەن مېنى غەرەزلىك ھالدا مەسخىرە قىلدىڭ، مېنىڭ مەرتلىگىمگە تىل تەككۈزدۇڭ. مەرت كىشى ئۆلگەن بولسۇن ياكى تىرىك بولسۇن، ئۇ ھامان مەرتتۇر. ئۇ ھەرقاچان ئۆز مەرتلىگىنى قىلىۋېرىدۇ، ھاجەتسىزلەردىن ئېلىپ ھاجەتمەنلەرگە بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. مانا مەن سېنىڭ ئۆزەڭنىڭ تۆگىسىنى سويۇپ سېنىڭ ئۆزەڭنى ۋە سەپەرداشلىرىڭنى مېھمان قىلىمەن... دەپ قىلىچى بىلەن تۆگەمنى بوغۇزلاپ سويۇشقا باشلىدى. مەن بۇ چۈشنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم، چۆچۈپ ئويغاندىم، دەرھال تۆگەمنى ئالدۇردۇم. قارىسام ئۇ مەندىنمۇ بەتەر قورقۇنچ بىلەن تىترەپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھاتەمنىڭ قىلىچى بىلەن ئۆلۈشىدىن بۇرۇنراق ئۆزەم ھالال قىلدىم. ئەگەر مەن دەرھال تۇتۇش قىلمىسام تۆگەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمايتتى" دەپ چۈشەندۈرۈپ بېرىپتۇ.

كۈن تۇققاندىن كېيىن شاھ زۇلكىرا مالىك ھەمرالىرىدىن بىرىنىڭ تۆگىسىنى ئۆتنە سوراپ ئېلىپ مىنىپ يولغا چۈشۈپتۇ. كۈن كۆتىرىلىپ چاشكا بولغاندا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر ئاتلىق كىشى بىر تۆگىنى يېتىلىگەن ھالدا يېتىپ كېلىپ يولۇقۇپتۇ ۋە: "ئەي ئەرەپلەر! سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا شاھ زۇلكىرامالىك دېگەن كىشى بارمۇ؟! ..." دەپ سوراپتۇ.

"ئەي ئەرەپ، سەن ئىزلىگەن كىشى ئەنە سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ. سەن ئۇنى نېمە قىلىسەن؟!..." دەپ سوراپتۇ شاھ زۇلكىرا مالىكنىڭ ھەمرالىرىدىن بىرى.

"مەن ھاتەمى تەيىنىڭ ئوغلى ئەدى تەي بولىمەن. قېنى قايسىڭلار شاھ زۇلكىرا مالىك بولىسىلەر؟!" دەپتۇ، ھاتەمنىڭ

ئوغلى سورالغان سوئالغا جاۋاپ بېرىپ. يولۇچىلاردىن بىرى شاھ
زۇلكىرا مالىكنى كورسىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ زۇلكىرا مالىكىنىڭ ئالدىـ
غا كېلىپ: "ئەي پادىشا، ساڭا بۇ توگىنى سەن سويۇپ ئەرەپـ
لەرنى مېھمان قىلغان توگەڭنىڭ ئورنىغا ئېلىپ كەلدىم. سەن
بۇنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ مىنگىن!..." دەپتۇ. پادىشا زۇلكىرا
ئەجەپلىنىپ: "ساڭا بۇ ئىشنى كىم ئېيتتى؟!" دەپ سوراپتۇ. ئەدى
تەي: "مەن ئۇخلاۋاتاتتىم، ئاتام چۈشۈمگە كىردى. ئۇ ماڭا:
،ئەي بالام، سەن دەرھال ئورنىڭدىن تۇر! شاھ زۇلكىرا مالىك
ئۇشتۇمتۇت مېنىڭ قەۋرەمگە كېلىپ قونۇپ مەندىن زىياپەت تەـ
لەپ قىلدى. مەن ئۇنى ئوزىنىڭ توگىسىنى سويۇپ، شۇنىڭ بىـ
لەن زىياپەت قىلدىم. سەن تېزدىن ئۇنىڭغا بىر توگە يەتكۈزۈپ
بەر. ئۇ بۇ توگىنى مىنىپ يولىنى داۋاملاشتۇرسۇن! ئۇنىڭغا مېنىڭ
نامىمدىن توگىگە قوشۇپ باشقا بىرەر نەرسە سوغات قىلالمىغانـ
لىغىمغا ئەپۇ سوراپ ئوزرە ئېيتقىن!...، دېدى" دەپ توگىنى بېـ
رىپتۇ. شاھ زۇلكىرا مالىك ئۇ توگىنى ئېلىپ مىنىپتۇ. ھاـ
تىمى تەينىڭ مەرتلىگى ۋە سېخىلىغىغا چىن دىلىدىن قايىل بوـ
لۇپ، ئۇنىڭ روھىغا باركاللا، ئوغلىغا رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە يولىنى
داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ.

— تەقسىر پادىشايى ئالەم، سېخىلار ۋە مەرتلەر ھەققىدە
ھىكايە بەك كوپ، — دەپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى داۋاملاشتۇـ
رۇپ، — ئەمدى مەن شۇلاردىن يەنە بىرىنى سوزلەي.



# مەئىن ئىبنى زائىدە

بىر كۈنى مەئىن ئىبنى زا-ئىدە ① شىكارغا چىقىپتۇ. شىكار ئۈستىدە ئۇ ناھايىتى بەك ئۇسساپ كېتىپتۇ. خادىم-لىرىدىن سۇ سورىغان ئىكەن، ئۇلارمۇ سۇنىڭ تۈگەپ كەت-كەنلىگىنى ئېيتىپتۇ.
شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆزىگە ئۈچ قىز كۆرۈنۈپتۇ. قارىسا ئۇلار سۇغا لىق تولغان ساپال كوزىلارنى مۈرىلىرىگە ئېلىپ كۆتىرىپ كېتىپ بارغان ئىكەن.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايە-سىنى توختاتتى.

— ئەي بەختلىك شاھ! — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى، — شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆزىگە ئۈچ قىز كۆرۈنۈپتۇ. قارىسا ئۇلار سۇغا لىق تولغان ساپال كوزىلارنى مۈرىلىرىگە ئېلىپ كۆتىرىپ كېتىپ بارغان. مەئىن ئىبنى زائىدە ئۇلاردىن ئىچىشكە سۇ سوراپتۇ. ئۇلار سۇ بىلەن مەئىن ئىبنى زائىدە-نىڭ تەشنالىغىنى قاندۇرۇپتۇ. مەئىن ئىبنى زائىدەمۇ ئۇلارنى رازى قىلماقچى بوپتۇ. قارىسا يېنىغا ھېچنەرسە سالمىغان ئىكەن. خىزمەتچىلىرى-



ئىككى يۈز يەتمىش بىرىنچى كېچە

① مەئىن ئىبنى زائىدە — ئابباسى خەلىپىلىگىدە ئەمىرى لەشكەر، دولەت ئەربابى، مەردلىك ۋە سېخىلىق بىلەنمۇ نامى چىققان شەخس. 770 - يىللىرى دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

دىن پۇل سورىغان ئىكەن، ئۇلاردىمۇ پۇل يوق بولۇپ چىقىپتۇ. بۇنى كورگەن مەئىن ئىبنى زائىدە دەرھال ئوقدىنىغا قىزىل سېپىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئون تالدىن ئوق ئېلىپ تەقدىم قىپتۇ. بۇ ئوقلارنىڭ ئۇچىغا ۋە پەيكانلىرىغا ئالتۇن بېكىتىلگەن ئىكەن. بۇنى كورگەن قىزلار بىر بىرىگە قارىشىپ: "بۇنداق مەرتلىك پەقەت مەئىن ئىبنى زائىدەنىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ. بىزنىڭ ئۇچرىشىپ سۇ بەرگەن بۇ كىشىمىز شۇنىڭ ئوزى ئوخشايدۇ. قېنى ھەر بىرىمىز ئۇنىڭ بۇ مەرتلىگى ئۇچۇن بىر كۇپلېتتىن ناخشا ئېيتىشايلى" دېيىشىپتۇ ۋە شۇ شېئىرلارنى ئوقۇشۇپتۇ:

بىرىنچى قىز:

يەر يۇزىگە تارقالدى كوپ ياخشى ئېتىڭ...
ياخشى ئاتقا ئاتاپ قىزلار قوشاق قېتىڭ!...
جاھاندا يوق ساڭا ئوخشاش مەرت ۋە سېخى،
خەيرى - ئېھسان قىلمىغان كۇن بارمۇ ئېيتىڭ؟!...

ئىككىنچى قىز:

ئەل ئىچىدە ناخشا، چوچەك كىتاپ بولدى،
قولۇڭ بىلەن ئەلگە بەرگەن ساخاۋىتىڭ...
ئەي مۇرۇۋەت مەدىنىنىڭ كانى سېخى،
سىزگە ئوخشاش مەرتتىن يەنە بارمۇ ئېيتىڭ؟!...

ئۇچىنچى قىز:

ھاتەم ئەگەر ھازىر بولسا بولار غولام،
كۇتكەن مۇرات - مەقسەتلەرگە سىزمۇ يېتىڭ...
ئەل ئۇنتۇماس ھېچقاچاندا ئەزىمەتنى،
بەختىمىزگە سايە سېلىڭ بەركەت تېپىڭ!...

بۇ ئۈچ قىزنىڭ ئوقۇغان شېئىرلىرىنى ئاڭلىغان مەئىن ئىب-
نى زائىدە كاتىۋىغا بۇ شېئىرلارنى يېزىپ خەزىنىسىدە ساقلاشنى
بۇيرۇپتۇ.

بىر كۈنى مەئىن ئىبنى زائىدە ئۆز كىشىلىرى بىلەن يەنە
شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر توپ كىيىك ئۇچراپتۇ.
ئۇنىڭ كىشىلىرىنىڭ ھەر بىرى بىردىن كىيىكنى نىشانلاپ قوغ-
لاپ كېتىپتۇ. مەئىن ئىبنى زائىدەمۇ بىر كىيىكنى قوغلاپ مېڭىپ-
تۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە بىر كىشى ئۇچراپتۇ. مەئىن
ئىبنى زائىدە ئېتىنى توختىتىپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ: "ئەي ئە-
رەپ يولۇچىسى، قەيەردىن كېلىۋاتىسەن ۋە نەگە بارماقچىسەن؟!"
دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى سالامغا جاۋاب بېرىپ: "خۇززائى دېگەن
يەردىن كېلىۋاتىمەن. نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ يەرگە يامغۇر ياغ-
ماي بەك قۇرغاقچىلىق بولغان ئىدى. بۇ يىل ھول - يېغىن
كۆپ بولدى، زېمىنلىرىمىزدا ئاشلىق، كۆكتات، مېۋە - چېۋە نا-
ھايىتى ياخشى ئوخشىدى. مەن يېرىمگە ياخشى ئىشلەپ تەرخەمەك،
چىلگە قوغۇن تېرىغان ئىدىم، ئالدى پىشتى. شۇنىڭدىن بىر نەچ-
چىنى تاللاپ ئەمىر مەئىن ئىبنى زائىدەنىڭ ئالدىغا تارتۇق قىلىپ
ئېلىپ كېتىپ بارىمەن، ئاڭلىشىمچە ئۇ كىشىنى قولى بەك ئوچۇق،
سېخى ۋە مەرت ئادەم دەيدۇ" دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەئىن ئىب-
نى زائىدە دېخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: "سېنىڭ بۇ
نەرسىلىرىڭنى ئۇنىڭغا سوغات قىلىشىڭدىكى مۇددىئايىڭ نېمە؟!"
دەپ سوراپتۇ، دېخان گەپ قىلماپتۇ. مەئىن ئىبنى زائىدە: "ئە-
گەر ئۇ سېنىڭدىن: مەندىن بۇ چىلگىنىڭ بەدىلىگە نېمە سوراي-
سەن؟ دەپ سورىسا، سەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەر-
سەن؟..." دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ. دېخان ئۆز ئالدىدا تۇرغان
مەئىن ئىبنى زائىدەدىن بۇ سوراقنى تەكرار ئاڭلىغاندىن كېيىن:
"مەن ئۇنىڭدىن بۇ ھەدىيەمنىڭ ئورنىغا مىڭ تىللا نەق پۇل سو-

رايمەن!" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. مەئىن ئىبنى زائىدە دىخانىدىن
"سەن سورىغان مىڭ تىللا نەق پۇلنى ئۇ كوپ دەپ بەرمەسە
قانداق قىلىسەن؟" دەپ سوراپتۇ. مەئىن ئىبنى زائىدەدىن بۇ
سوزنى ئاڭلىغان دىخان: "ئەگەر ئۇ مىڭ تىللا نەق پۇلنى كوپ دەپ
بەرمەسە، بەش يۈز تىللا سورايمەن!" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. مەئىن
ئىبنى زائىدە دىخانىنىڭ جاۋاۋىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: "ئەگەر
ئۇ سەن سورىغان بەش يۈز تىللانىمۇ كوپ دەپ بەرمەسە ئۇ چاغ-
دا قانداق قىلىسەن؟" دەپ سوراپتۇ. دىخان: "ئۈچ يۈز تىللا
سورايمەن!" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. مەئىن ئىبنى زائىدە دى-
خانغا: "ئۇنىمۇ كوپ دەپ بەرمەسە قانداق قىلىسەن؟" دەپ سو-
راپتۇ. دىخان: "ئىككى يۈز تىللا سورايمەن!" دەپتۇ. "ئۇنىمۇ كوپ
دەپ بەرمەسە قانداق قىلىسەن؟" دەپتۇ مەئىن ئىبنى زائىدە
"يۈز تىللا سورايمەن!" دەپتۇ دىخان. مەئىن ئىبنى زائىدە: "ئۇ-
نىمۇ كوپ دىسىچۇ؟" دەپ سوراپتۇ. دىخان: "ئەللىك تىللا سو-
رايمەن!" دەپتۇ. مەئىن ئىبنى زائىدە: "ئۇنىمۇ كوپ دىسىچۇ؟"
دەپ سوراپتۇ. دىخان: "ئوتتۇز تىللا سورايمەن!" دەپتۇ. مەئىن
ئىبنى زائىدە: "ئۇنىمۇ كوپ دىسە ئۇ چاغدا نىمىنى سورايسەن؟"
دەپ سوراپتۇ. سوز شۇ يەرگە كەلگەندە دىخان تۇرۇپ كېتىپ
بىردىنلا: "ئېشىگىمنى ئۇنىڭ خوتۇنىغا ھەممە پۇتى بىلەن ھەدى-
يە قىلىپ بېرىۋېتىپ، ئوزەم پىيادە قۇرۇق قول قايتىپ كېتىمەن"
دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. مەئىن ئىبنى زائىدە دىخانىنىڭ بۇ سوزىگە
كۈلۈپتۇ. كېيىن ئېتىنى يورغىلىتىپ خادىملىرىنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپتۇ
ۋە شىكارنى توختىتىپ ئوردىسىغا قايتىپتۇ. ھاجىپىنى ئالدىغا قىچ-
قىرىپ: "ئەگەردە بىر ئېشەكلىك كىشى چىلگە قوغۇن ئېلىپ
كەلسە ۋە مېنى سورىسا تەخىرسىز مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كىر-
گىن!" دەپ تاپىلاپتۇ. ئارىدىن بىر سائەتتەك ۋاقىت ئوتكەندىن
كېيىن ئۇ كىشى يېتىپ كەپتۇ. ئېشىگىدىن چۈشۈپ ئوردا ئالدىغا



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com